باللار رەسىملىك ھېكايە كىتابى

# سېنى سۆيۈپ قويۇشنى ئۇنتۇپتىمەن



مىرئام موسس
ئاننا كۇررەي



پىندىق ئويغانغىنىدا، توشقان كارىۋاتنىڭ ئاستىدا يوشۇرۇنىۋالغانىدى . پىندىق توشقاننىڭ قولىدىن تۇتۇپ تارتقاچ " ـ مېنى ئۇ يەردىن تاپالمايدۇ دەپ ئويلاپ قالغانمىدىڭ؟" دەپ سورىدى .



پىندىقنىڭ ئانىسى پەستىن :

ـ ناشتىلىق تەييار بولدى ، دەپ چاقىردى .

پىندىق :

ـ بىر مىنۇتتىن كېيىن ، دەپ جاۋاپ بەردى ـ توشقان كەپسىزلىك قىلىۋاتىدۇ!





ناشتىلىقتىن كېيىن
ئانىسى:
- ئەمدى قوللىرىڭنى
يۇيغىن، دېدى.





پىندىق:
- بىر مىنۇت توختاپ تۇر،
توشقان تۇخۇمنى يېمەيۋاتىدۇ،
دەپ جاۋاپ بەردى - تېز بولە
توشقان!

پندىق بلەن توشقان كىيملەرىنى كىيش ئۈچۈن ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتى . پندىقنىڭ ئانىسى ئىشىكنى چەكتى :

ـ ۋاقىتنى سوزما ، دەرھال كىيىنگىن ، دېدى .

پندىق :

ـ بىر مىنۇتتىن كىيىن،
دەپ جاۋاپ
بەردى ـ توشقاننىڭ
قورسىقى ئاغرىۋاتىدۇ .







پىندىقنىڭ ئانىسى :

- كېلىپ چىشلىرىڭنى چوتكىلىۋەتكىن، دېدى.




پىندىق :

- بىر مىنۇتتىن كېيىن، دەپ جاۋاپ بەردى - توشقاننىڭ تۈگمىلىرى خاتا ئېتىلىپ قاپتۇ.

ئانىسى :

- پىندىق، سەن ئاۋۋال تەييار بولغىن، ئاندىن توشقان بىلەن ئوينا ، دېدى.






پىندىق دەرھال تەييار بولۇپ پەسكە چۈشتى .
ئانىسى :
ـ ئۆتۈكۈڭنىمۇ كىيدىڭمۇ ؟ دەپ سورىدى . پىندىق :
ـ قارا پۇتۇمغا، دەپ جاۋاپ بەردى .
ـ بارىكاللاھ، دەپ كۈلۈمسىرىدى ئانىسى ـ دەرھال چاپىنىڭنىمۇ كىيگىن . تېز ماڭمىساق ۋاق قالىمىز !



بىراق پىندىق پەلەمپەيگە قاراپ يۈگۈردى .
ـ بىر مىنۇت، دەپ توۋلىدى ـ توشقان دوستلىرى بىلەن خوشلىشالماي قالدى .



پىندىق مەكتەپكە كېتىۋېتىپ توشقاننى بېشىنىڭ ئۈستىگە قويىۋالغان تاماق قاچىسىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى .

ئانىسى : دىققەت قىلغىن ! دېدى .

پىندىق :

ـ ھەئە دىققەت قىلىۋاتىمەن، دەپ جاۋاپ بەردى ـ ئەمما توشقان دىققەت قىلمايۋاتىدۇ.







بىردىنلا پىندىقنىڭ تاماق قاچىسى يەرگە چۈشۈپ
كەتتى .



ئانىسى ئاچچىقلانغاندى :
ـ يا ئاللاھ پىندىق! ئەمدى راستىنلا ۋاق قالدۇق .





ـ توشقاننى ماڭا بەر، مەن ئېلىپ ماڭاي .

ئۈلار بەكلا ۋاق قالغان بولغاچقا مەكتەپكە قاراپ يۈگرەشكە باشلىدى .







ئوقۇتقۇچىسى خەدىچە خانىم :
ـ ئاخىرى كەلدىڭلار، دېدى ـ سىلەردىن ئەنسىرەشكە باشلىغانىدۇق .
پىندىقنىڭ ئانىسى ھاسىراپ ـ ھۆمدەپ كەتكەن ئىدى :
ـ سىزدىن ئۆزۈر سورايمەن، دېدى ـ تېز بولۇشۇم كېرەك، ئىشقا ۋاق قالدىم. خەير ـ خوش پىندىق !
دىگىنچە يۈگرەپ كېتىپ قالدى .

پىندىق چاپىنىنى ئاستى . ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم كۆرۈنەتتى . خەدىچە خانىم :
- نېمە بولدى پىندىق ؟ دەپ سورىدى .
پىندىق :
- ئاپام مېنى سۆيۈپ قويماي كەتتى، دېدى - دائىم مېنى سۆيۈپ قوياتتى .





خەدىچە خانىم :
- ئاپاڭنىڭ ئازراق جىددى ئىشى بار ئىكەن، دېدى - توشقان قەيەردە؟ توشقان كەپپىياتىڭنى كۆتۈرۈشكە ياخشى ئىدى .





ئۇ ئىككىسى بىللە پىندىقنىڭ يانچۇقلىرىغا ۋە تاماق قاچىسىغا قاراشتى، ئەمما توشقاننى تاپالمىدى.
خەدىچە خانىم:
- بەلكىم ئۆيدە ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسەن، دېدى.



پىندىق يىغلاشقا باشلىغاندى:
- ئۆيگە قويۇپ قويمىغانلىقىم ئېنىق، دېدى - يولدا تاماق قاچامنى چۇشۇرىۋېتىپ قالدىم، كېيىن يۇگۇرۇشىمىزگە توغرا كەلدى. ئەمدىلىكتە توشقان يوق، ئاپامنى سېغىندىم...



دەل شۇ پەيتتە ئىشىك ئېچىلدى .

**پىندىقنىڭ ئانىسى كەلگەن ئىدى !**

ـ ئاھ جېنىم بالام ، سەندىن بەك ئۆزۈر سورايمەن، دەپ توۋلىدى ـ ساڭا توشقاننى بېرىشنى ئۇنتۇپتىمەن، يەنە بىر ئىش. . . .







- سېنى سۆيۈپ قويۇشنى ئۇنتۇپتىمەن.
پىندىق كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى ۋە ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى...



پىندىق :
- جىنىم ئاپا! سېنى بەك ياخشى كۆرىمەن، دېدى.
ئانىسى :
- مەنمۇ سېنى بەك ياخشى كۆرىمەن، جىنىم بالام، دېدى. ئاندىن ئىككىسى بىر-بىرىگە ئېسىلىپ چىڭگىدە قۇچاقلاشتى...



بۇ قىزىقارلىق ۋە تەسىرلىك ھېكايە ئۇماقلارغا مۇھەببەتنىڭ ئەھمىيىتىنى ئۆگىتىدۇ.

# سېنى سۆيۈپ قويۇشنى ئۇنتۇپتىمەن



ئاپىسى پىندىقنى ھەر كۈنى سەھەردە مەكتەپكە ئاپىرىپ قويۇپ، ئاندىن ئىشقا كېتىدىكەن. ھاۋا يامغۇرلۇق بىر كۈنى ئۇلار مەكتەپكە يۈگۈرەپ مېڭىشقا مەجبۇر بوپتۇ.
پىندىق مەكتەپكە بېرىپ سومكىسىنى ئېچىپ قارىسا توشقان كۆرۈنمەپتۇ. ئەجبا پىندىق ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇقىنى تاپالارمۇ؟ بۇ جەرياندا نېمە ئىشلار بولار؟

«سەبىلەر» تەرجىمە قىلىپ تەييارلىدى